3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
ئىرشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئارشاڭ ناھىيەسىدە

# ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارتىسلىرى لېكسىيەنى چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىگىچە يەتكۈزدى

لېكسىيەنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش، نەزەرىيەنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۇڭ ياۋېن

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئارشاڭ ناھىيەسى ئۇلانمۇچىر ئويۇن قويۇش ئەترىتى ئاپتوموبىللىق ئارشاڭ ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ، غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئالاتاۋ تېغى ئېتىكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كەنت ـــ دالىمتى يېزىسىنىڭ ئاسى ئەترىتىگە كەلدى. قىشتا يايلاقنى قار ـ مۇز قاپلىغان بولۇپ، ئۇلانمۇچىر ئويۇن قويۇش ئەترىتىنىڭ كېلىشى بىلەن بۇ يەر ئىللىقلىققا تولدى.

«ئىككى كۈن ئىلگىرىلا بىز ئۇلانمۇچىر ئويۇن قويۇش ئەترىتىنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەنىدۇق. مانا ئۇلار كەنتكە كېلىشى بىلەنلا، ئويۇن كۆرىدىغان ئوبدان ئورۇننى ئىگىلەش ئۈچۈن بىزمۇ يېتىپ كەلدۇق.» چارۋىچى مېڭتا كولۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئۇلانمۇچىر ئويۇن قويۇش ئەترىتى بىز ياخشى كۆرىدىغان ناخشا، كۆيېيەن قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ياقتۇرۇپ ئالقىشلىدى».

«جۇڭخۇانىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئارزۇ بىلەن، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئالىمىز، خادانى ئۇلۇغ پارتىيەگە تەقدىم قىلىمىز، ئات باشلىق غېجەك بىلەن بەخت ـ سائادەتلىك كۈيىنى ياڭرىتىمىز...» ئۇستى ئوچۇق سەھنە، نېپىز سەھنە كىيىمى ئارتىسلارنىڭ قىزغىنلىقىنى توسۇپ قالالمىدى، «كومپارتىيەگە مەدھىيە» ناملىق ناخشا چارۋىچىلارنىڭ گۈلدۈراس ئالقىشىغا ئېرىشتى. بىپايان يايلاقتا ياڭرىغان يېقىملىق ناخشىدىن تارالغان ئىللىق ئېقىم چارۋىچىلارنىڭ قەلبىگە سىڭدى.

ئارشاڭ ناھىيەسى ئۇلانمۇچىر ئويۇن قويۇش ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى سىچىن مۇنداق دېدى: بۇ قېتىم بىز چارۋىچىلارغا ئات باشلىق غېجەك بىلەن ئورۇنلىنىدىغان «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» قاتارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئېلىپ كەلدۇق، «بىز 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى نومۇرلارغا كىرگۈزدۇق، چارۋىچىلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش بىلەن بىللە، يىغىنىنىڭ روھىنى چۈشىنىشنى، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىنى چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىمىز».

يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان نومۇر«خاۋلەيباۋ» ئارشاڭ ناھىيەسى ئۇلانمۇچىر ئويۇن قويۇش ئەترىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل نومۇرى. بۇ نومۇردا كۆيېيەن شەكلىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ۋەتىنىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئارشاڭ ناھىيەسىدىكى ئۆزگىرىشلەر نامايان قىلىنغان، يەنە چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئالاقىدار سىياسەت ۋە چارۋىچىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان بىلىملەر ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن.

«ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپلا قالماي، يەنە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىش ئىشەنچىمنى تېخىمۇ چىڭىتتىم.» چارۋىچى دۇيسەن قۇنا تولۇق ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى: «بۇ بىرىنەچچە يىلدا ئائىلىمىزنىڭ كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا ئاشتى، بۇ يىل مەن باقمىچىلىق كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئىلمىي باقمىچىلىق يولىدا ماڭىمەن، كۆنلىرىم چوقۇم بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ».

«ئامىمغا يېقىنلاشقان بولۇش، تارقىلالايدىغان بولۇش، ساقلاپ قالالايدىغان بولۇش» بىزنىڭ ئىجادىيەت تەلپىمىز. تۇرمۇش پۇرىقى سىڭگەن ئەسەرلەر ئارقىلىق پارتىيەنىڭ سىياسىتى، روھىنى ئامىمغا يەتكۈزۈش بىزنى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىدىغان ئىش.» سىچىن مۇنداق دېدى: «بۇنىڭدىن كېيىن، بىز داۋاملىق تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئامىمغا پارتىيەنىڭ ساداسى ۋە غەمخورلۇقىنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، مەڭگۈ يايلاقتىكى ‹قىزىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئارتىسلىرى› بولىمىز».

ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلانمۇچىر ئويۇن قويۇش ئەترىتى يەنە كېيىنكى ئويۇن قويۇش ئورنىغا ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.




قاراماي «زاكاز شەكلىدە» قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشنى كېڭەيتتى

# «مەسىلىگە يولۇققاندا قانۇننى ئىزدەش» قارىشى ئاممىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى

شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى ئەمەلىيىتى

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى گې يۈۋجۈن، قاراماي مۇخبىرلار پونكىتىدىن گاۋ يۇفېي

ئىككى تەرەپنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، چۈشەندۈرۈش ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئۇلتۇراق رايونىدىكى زىددىيەتلىشىپ قالغان مۈلۈكدارلار بىلەن مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتى ئوتتۇرىسىدىكى كونا ئاداۋەتلەر تۈگىتىلىپ، ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ماجىرا يۈز بەرمىدى. بۇ ئۆزگىرىشتىن قاراماي شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسىنىڭ قاراماي رايونى غالىبىيەت يولى كوچا باشقارمىسى نېفىت ئىشچىلىرى مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى كاڭ تىيجياڭ ناھايىتى سۆيۈندى.

كاڭ تىيجياڭ قاراماي شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، 2020 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇ ئەمدىلا مەھەللىگە كېلىپ خىزمەت قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، مەھەللىدىكى بىر سودا چەمبىرىكىدىكى سودىگەرلەر مەھەللىگە كوللېكتىپ بېرىپ، مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ سۇ، توك ئۈزۈۋېتىپ تىجارەت قىلالماي قالغانلىقى توغرىلىق ئەرز قىلدى. گەرچە مەھەللە كادىرلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى ئارقىلىق، مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتى سۇ، توك بىلەن تەمىنلەشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن شۇ يىلى 9 ـ ئايدا بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلە يەنە كۆرۈلدى.

تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، كاڭ تىيجياڭ مەسىلە مەنبەسىنىڭ مۈلۈكدارلار بىلەن مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۈلۈك باشقۇرۇش توختامنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا يۈز بەرگەن ماجىرانىڭ ئۈچىنچى تەرەپ ئۆي ئىجارە ئالغۇچى سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر يەتكۈزگەنلىكى ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

كاڭ تىيجياڭ مۈلۈكدارلار ۋە مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ مەسئۇللىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئىككى تەرەپنىڭ مۈلۈك باشقۇرۇشقا ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملارنى چۈشىنىشى يېتەرلىك بولماسلىق سەۋەبىدىن ماجىرا كېلىپ چىققانلىقىنى بىلىپ، دەرھال ئۇلارغا «مۈلۈك باشقۇرۇش نىزامى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇردى ھەم ئىككى تەرەپنىڭ توختامنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئۆزلىرىدە ساقلانغان كونكرېت مەسىلىلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى.

كاڭ تىيجياڭنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۈلۈكدارلار ۋە مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ مەسئۇلى بىردەك ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ، قول ئېلىشىپ ياراشتى. كاڭ تىيجياڭ ۋە مەھەللە كادىرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىككى تەرەپ قايتىدىن مۈلۈك باشقۇرۇش توختامى ئىمزالىدى. «قانۇن كەسپىي زاتلىرىنىڭ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسىنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن كۆپ نەپكە ئېرىشتۇق، شۇڭلاشقىلا بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزدە قانداق قىلغاندا ماجىرانى توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى ۋە ھوقۇقنى قوغدىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق»، دېدى مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ مەسئۇلى.

ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭغا ئوخشاش «زاكاز شەكلىدە» قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش مىساللىرى قاراماي شەھىرىدىكى ھەرقايسى مەھەللە (كەنت)لەردە ناھايىتى ئومۇملاشقان. كاڭ تىيجياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: «7 ـ بەش يىل»لىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، قاراماي شەھىرى ئاچقۇچنى تۇتۇش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش پرىنسىپى بويىچە، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ قاراتمىلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى قانۇن مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش ۋە قانۇن تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە، جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى ۋە رېئاللىقتا دائىم كۆرۈلىدىغان زىددىيەت ـ ماجىرالارنى چىڭ كۆزلەپ، «زاكاز شەكلىدە» قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، قانۇننى ئېھتىياجغا قاراپ ئومۇملاشتۇرۇش، قانۇننى دەل جايىدا ئومۇملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

قاراماي شەھىرى يەنە پۈتۈن شەھەردىكى 112 مەھەللە(كەنت)دە «قانۇن مۇلازىمىتى خىزمەت پونكىتى» قۇرۇپ، «بىر مەھەللە(كەنت)دە بىر قانۇن مەسلىھەتچىسى بولۇش» بويىچە تولۇق قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەمەلىي بولغان ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قانۇنچىللىق تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان ئاممىنىڭ قانۇنىي دەۋا تەلەپىگە قارىتا قانۇن مۇتەخەسسىسلىرى ياكى قانۇننى پىششىق بىلىدىغان پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى قانۇن بىلىملىرىدىن قەرەلسىز مەخسۇس لېكسىيە سۆزلەش، يېشىپ چۈشەندۈرۈش ۋە دېلو مىساللىرىنى تەھلىل قىلىشقا ئەۋەتىپ، نىشانلىق ھالدا ئاممىنىڭ گۇمانلىرىنى يېشىپ، زىددىيەت ـ ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلدى، بۇ، تەۋەلىكتىكى ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«ئاممىۋى قايسى جەھەتتىكى قانۇنغا ئېھتىياجلىق بولسا، بىز ئۇلارغا شۇ جەھەتتىكى قانۇننى تەشۋىق قىلىمىز، شۇڭا قوبۇل قىلىش دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى. ‹مەسىلىگە يولۇققاندا قانۇننى ئىزدەش› قارىشى ئاممىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى»، دېدى كاڭ تىيجياڭ.

ئۇنىڭدىن سىرت، قاراماي شەھىرى يەنە سىرتتىن كەلگەن يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلارغا قارىتا «زاكاز شەكلىدە» قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشنى يولغا قويدى. «كىم مۇلازىمەت قىلسا، شۇ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە، كونا ماللار بازىرى، كۆكتات توپ سېتىش بازىرى، يېمەكلىك پىششىقلاش بازىسى، قۇرۇلۇش ئورنى قاتارلىق سىرتتىن كەلگەن يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلار مەركەزلەشكەن جايلاردا ھەرقايسى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە تارماقلار كەڭ دائىرىدە زىيارەت قىلىپ، كۆپ تەرەپتىن پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى توپلاپ، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە دائىم ئۇچرايدىغان ماجىرا تۈرلىرىگە ئاساسەن، سىرتتىن كەلگەن يۆتكىلىپ تۇرىدىغانلار بىلەن باغلىنىشلىق دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان قانۇن بىلىملىرىنى تۈرگە ئايرىپ، «ئۇن ـ تىنسىز تەسىر كۆرسىتىش، تەربىيەنى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈش، يۇغۇرۇش، سىڭدۈرۈش» قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئوخشاش بولمىغان باش تېمىدىكى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىق ـ تەربىيەسى ھەم قانۇن مۇلازىمىتىنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇردى.

«ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ‹زاكاز شەكلىدە› قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق قانۇن ئېھتىياجى دەل جايىدا بولۇش، مۇلازىمەت دەل جايىدا بولۇش، ئوبيېكت دەل جايىدا بولۇش مەقسىتىگە يەتتۇق.» قاراماي شەھەرلىك ئەدلىيە ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئىدارە باشلىقى چېن يۈمىڭ مۇنداق دېدى: «بۇ بىرنەچچە يىلدا ‹زاكاز شەكلىدە› قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش يولغا قويۇلۇش ئارقىلىق ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ قانۇنچىللىق ئېڭى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپ، قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش، ئىش بېجىرىشتە قانۇنغا ئاساسلىنىش، مەسىلىگە يولۇققاندا قانۇننى ئىزدەش، ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى قوغداشتا قانۇندىن پايدىلىنىش، زىددىيەتنى تۈگىتىشتە قانۇنغا تايىنىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارى يەنىمۇ ئۆسۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى، ھەققانىيلىقى ۋە ئىناقلىقى، مۇقىملىقى ئۈنۈملۈك قوغدالدى».

ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئورنىنىڭ مۇدىرى مەخمۇت:

# ۋىرۇسقا ئەڭ يېقىن جايدا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىش

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش قەھرىمانلىرى

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۇ لۇپىڭ

ئۇلار كىلىنىكىلىق داۋالاشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە بولمىسىمۇ، ۋىرۇس بىلەن يۈزتۇرا جان تىكىپ جەڭ قىلدى؛ ئۇلار كۆزگە كۆرۈنمەس ئۇرۇش سېپىدە، كۆزگە كۆرۈنمەس دۈشمەنگە يۈزلەندى؛ ئۇلار ۋىرۇسقا يوشۇرۇنغۇدەك جاي قويماي، ئاممىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىنى قوغدىدى، ئۇلارنىڭ ئىسمى «كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خادىملىرى». ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئورنىنىڭ مۇدىرى مەخمۇت قارشى يۆنىلىشتە ئىلگىرىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى ئەڭ خەتەرلىك جايدا بۇرچ ۋە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدى.

## جەڭگە بالدۇر تەييارلىق قىلىش

ۋۇخەندە يۇقۇم پارتلاش خاراكتېرلىك يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ئورنى ئاساسىدا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئاساسلىقى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنىڭ مۇسبەت ئەۋرىشكىسىنى قايتا تەكشۈرۈش ۋە بېكىتىشكە مەسئۇل بولدى ھەم پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنى تەكشۈرۈشى ۋە خادىملارنى تەربىيەلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى مەخمۇت دەرھال تەكشۈرۈش قوتىسى تەييارلىدى، تەقلىدىي تەجرىبە تەرتىپى ئېلىپ باردى. ئەينى چاغدا كىشىلەرنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسقا بولغان چۈشەنچىسى ھەقىقەتەن كەمچىل بولۇپ، ھەرقايسى چوڭ دوختۇرخانىلارنىڭ تېخى تەكشۈرۈش ئىقتىدارى يوق ئىدى، دۆلەتنىڭ تۈنجى نۇسخىدىكى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش لايىھەسى ئاساسىدا، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ تارقىلىشچان زۇكامنى كۆزىتىپ ئۆلچەش تور تەجرىبىخانىسى سۈپىسىدىن پايدىلىنىپ، مەخمۇت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىنى يېتەكلەپ تاشنى سىلاپ دەريادىن ئۆتۈپ، تەجرىبىخانىدا تەكشۈرۈش تەرتىپىنى ئىزدىنىپ تۈزۈپ، ھەر ۋاقىت ئىز قوغلاپ ۋىرۇس تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ئۆگەندى ھەم پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى ئىگىلىگەن تۇنجى تۈركۈمدىكى تايانچ قوشۇننى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقىرىنىڭ مەدىتى ۋە ياردىمىدە، رايون ۋە ۋىلايەتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئۈچۈن ئالدىنئالا يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنى تەكشۈرۈش تەجرىبە قوتىسىنى جىددىي تەييارلىدى.

2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سەھەر سائەت 3تە، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە تۇنجى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇس ئەۋرىشكىسىنى بېكىتكەندىن كېيىن، بارلىق خادىملار دەرھال تۆتتىن ئالتىگىچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ۋىرۇس بىلەن جەڭ قىلىشنى باشلىدى.

ھەم شۇ كۈندىن باشلاپ، مەخمۇت كۈندە نەچچە سائەتلا ئۇخلاپ، تەجرىبە دورىسى سېتىۋېلىش، تەكشۈرۈش خادىملىرىنى تەربىيەلەش، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەجرىبىخانىلارغا مەسلىھەت بېرىش بىلەن ئالدىراش بولدى... دەل تەكشۈرۈش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس تەييارلىغاچقا ۋە تېخنىكا جەھەتتە ئالدىن تەييارلىق كۆرگەچكە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئىنكاس قايتۇرۇشى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشىنى مەدەت بىلەن تەمىنلەپ، ۋاقىتنى قولغا كەلتۈردى.

## تېخنىكىنى ئۆستۈرۈش

نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ھەم يۇقۇم مەنبەسىنى بالدۇر بايقاش ئۈچۈن، مەخمۇت 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىدە تەجرىبىخانا تەكشۈرۈش تورى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى. نەق مەيداندا يېتەكلەپ ئۆگىتىش، قىسقا سىن فىلىمى ئىشلەش، سىن يىغىنى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە ئۈچ دەرىجىلىك نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش تېخنىكا خادىمىدىن 1200دىن ئارتۇق كىشىنى تەربىيەلەپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى تېزدىن ئۆستۈردى.

2020 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئۈرۈمچىدە يېڭىدىن يۇقۇم يۈزبەرگەندە، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋە يوشۇرۇن مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىق مىسالىنى تېزدىن تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، مەخمۇت گۇرۇپپا ئەزالىرىنى يېتەكلەپ بايلىقلارنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق، زور تۈركۈمدىكى ئەۋرىشكىلەرنى تەكشۈرۈشكە ماس كېلىدىغان ئۆلچەملەشكەن تەرتىپنى شەكىللەندۈردى، تەجرىبىخانىنىڭ كۈندىلىك تەكشۈرۈش ئىقتىدارى تېز سۈرئەتتە ئون ھەسسە ئېشىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يۇقۇم ئەھۋالىنى بالدۇر بايقاش، بالدۇر دىياگنوز قويۇش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشقا مۇھىم ئاساس سالدى.

ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يۇقۇم مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى بولۇپ قالدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ۋىرۇس گېن تەرتىپىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ تېخنىكىلىق قىيىن ئۆتكەلدىن جەزمەن ئۆتۈش كېرەك ئىدى. مەخمۇت مۇنداق دېدى: گېن تەرتىپىنى تەكشۈرۈشتىكى مەقسەت ۋىرۇسنىڭ مەنبەسىنى تېپىش.

جۇڭگو كېسەللىك ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياردىمىدە، مەخمۇت گۇرۇپپا ئەزالىرىنى يېتەكلەپ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن مۇزاكىرە قىلىپ، تۇنجى قېتىم يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسنى ئايرىش ۋە پۈتۈن گېن گۇرۇپپىسىنىڭ تەرتىپىنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى تۇرغۇزدى، بۇ، يۇقۇمغا قارىتا مەنبەدىن تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش، تىزگىنلەشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

## قارشى يۆنىلىشتە ئىلگىرىلەش

ۋىرۇس بىلەن كېچە ـ كۈندۈز بەسلەشكەن كۈنلەرنى ئەسلىگەندە، شۇ كۈنلەردە مەخمۇت ھەر ۋاقىت يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇلار ۋىرۇسقا بىۋاستە يۈزلەندى، قايسى ھالقىدا ئازراقلا سەۋەنلىك كۆرۈلسە يۇقۇملىنىش كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. بىر ئادەم يۇقۇملىنىپ قالسا «پۈتۈن قوشۇن ھالاك بولۇپ»، بارلىق خىزمەت توختاپ قالاتتى، مەخمۇتنىڭ بېسىمى ئېغىر ئىدى.

ھەربىر ھالقىنى، بولۇپمۇ ئەۋرىشكە ئاكتىپسىزلاشقان چاغدىكى ھالقىنى چىڭ تۇتۇش؛ نازارەتچى قويۇش، مەسىلە بايقالسا ۋاقتىدا تۈزىتىش؛ ھەر كۈنى سىنلىق نازارەت قىلىش ئارقىلىق، ھەربىر تەرتىپتىكى مەشغۇلاتنى تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم قىلىش... مەخمۇتقا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى شۇكى، گەرچە ئۇلار ۋىرۇسقا ئەڭ يېقىن تۇرغان كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن ھەربىر كىشى بەس ـ بەس بىلەن قارشى يۆنىلىشتە جەڭگە ئاتلىنىپ، ئاتاكىدا ئالدىغا ئۆتتى.

«تەجرىبىخانىغا كىرگەندىن تارتىپ تەجرىبىخانىدىن چىققۇچە ئون نەچچە سائەت ئىشلەش نورمال خىزمەت ھالىتىم بولۇپ قالدى، ئەڭ ئالدىراش بولغان بىر قېتىمدا يالغۇز 20 سائەت كۈرەش قىلدىم.» مەخمۇت مۇنداق دېدى: ھاجەتخانىغا كىرمەسلىك ئۈچۈن، تەجرىبىخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى، كۆپچىلىك نەچچە سائەت بۇرۇن ھېچنېمە يېمەيتتى، ئىچمەيتتى. مۇداپىئە كىيىمنى سالغاندا كىيىم ھۆل بولۇپ كېتەتتى، يۈز ـ كۆزنىڭ ھەممە يېرى ئىزغا تولۇپ كېتەتتى، بېغىش، پۇتلار ئىششىپ كېتەتتى، ئەمما ھېچكىم ۋايسىمايتتى. ئۇلار تەكشۈرۈش نەتىجىسى بىر مىنۇت بۇرۇن چىقسا، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش خەۋپ ـ خەتىرىنى بىر ئۈلۈش ئازايتقىلى، ئاغرىقنى ئازراق بولسىمۇ بالدۇر قۇتقۇزۇپ ـ داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى.

«چېكىنىش يولى يوق، جەزمەن ۋەزىپىنى ئورۇندىشىمىز شەرت.» مەخمۇت مانا مۇشۇنداق ئېتىقادى بىلەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى يېتەكلەپ قىيىنچىلىقلارنى بىرمۇبىر يېڭىپ، قىيىن ئۆتكەللەردىن بىرمۇبىر ئۆتتى. 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا، مەخمۇتقا ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار شەخس دېگەن نام، ئۇ تۇرۇشلۇق پارتىيە ياچېيكىسىغا ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى دېگەن نام بېرىلدى، «مەن كوللېكتىپنى يېتەكلەپ، كېسەللىكنى كونترول قىلىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىمنى داۋاملىق ئادا قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىنى قوغدايمەن» دېدى مەخمۇت قەتئىيلىك بىلەن.